

ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش

# دەل جايىدا ياردەم بېرىش ـ يۆلەشتە «قان بېرىش» «قان ئىشلەش»كە ئۆزگەردى

## ـــ ئالتاي ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇرچىن ناھىيەسىنىڭ چاڭتۇبەك كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى توغرىسىدا

**نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جىڭدىكى ئۈلگىلەر**

■ پويىزنىڭ تېز يۈرۈشى پۈتۈنلەي پاراۋوزنىڭ سۆرىشىگە باغلىق. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى «روھ»نى ئۇرغۇتۇشتا، مۇھىمى يەنە كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ «پاراۋوز»لۇق رولىنىڭ قانداق جارى قىلدۇرۇلغانلىقىغا قاراش كېرەك.

■ كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ۋە كەنت كادىرلىرى دائىم ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىگە كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى بەزى ياخشى تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇرۇپ، تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى بىلىم ئۆگىنىدىغان، تېخنىكا بىلىدىغان قىلدى.

■ كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق بۈگۈنكى كۈندە چاڭتۇبەك كەنتىنىڭ قىياپىتى پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىردى.

□ مۇخبىرىمىز جاڭ تىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ۋاڭ چېن

5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، شىنجاڭ قاناس ساياھەت تەرەققىيات پاي چەكلىك شىركىتى قاناس تاغلىق كەنتىنىڭ ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانىدا ئالىمبېك ئاقان ئاپتوموبىللارنى تەرتىپلىك توختىتىشقا يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى، ھازىرقى خىزمىتىنى تىلغا ئالغاندا ئۇ ناھايىتى رازى بولغان ھالدا: «ئايدا 3500 يۈەن مائاش ئالىمەن، شىركەت يەنە تاماق، ياتاقنى كۆتۈرىدۇ» دېدى.

ئالىمبېك بۇرچىن ناھىيەسىنىڭ ئويماق بازىرى چاڭتۇبەك كەنتىدىن، بۇ كەنت بۇرچىن دەرياسىنىڭ تىنىما تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان، پۈتۈن كەنتتە 116 ئائىلە 367 كىشى بار، بۇ يېزا ئىگىلىك كەنتى بولسىمۇ، لېكىن گېئولوگىيەلىك شارائىتىنىڭ تەسىرى سەۋەبلىك، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر ئۈچ موغمۇ يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى بەنزىسى ياش قۇرۇلمىسى چوڭ، بېيىشقا يېتەكلەش ئىقتىدارى كەمچىل بولغاچقا، چاڭتۇبەك كەنتى ئىلگىرى يىراق ـ يېقىندا نامى بار نامرات كەنت بولۇپ قالغانىدى.

پويىزنىڭ تېز يۈرۈشى پۈتۈنلەي پاراۋوزنىڭ سۆرىشىگە باغلىق. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى «روھ»نى ئۇرغۇتۇشتا، مۇھىمى يەنە كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ «پاراۋوز»لۇق رولىنىڭ قانداق جارى قىلدۇرۇلغانلىقىغا قاراش كېرەك. چاڭتۇبەك كەنتىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ بەنزە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش زۆرۈر ئىدى.

ئالتاي ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇرچىن ناھىيەسىنىڭ ئويماق بازىرى چاڭتۇبەك كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى بازارلىق ھۆكۈمەتكە پائال ماسلىشىپ، يېزىغا قايتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئارمىيەدىن چېكىنگەنلەر، سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلغان خادىملار ئىچىدىن مۇۋاپىق نامزاتلارنى تاللاپ، تۆت كەنت كادىرىنى تەڭشەپ ئالماشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى بىر ئادەم بىر كەنت كادىرىنى يېتەكلەپ، كەنت «ئىككى كومىتېت»ى بەنزىسىنىڭ ئومۇمىي جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇردى. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ يېڭى يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بۇرچىن ناھىيەسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشىشكە تۈرتكە بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈزلۈكسىز تىرىشىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىدى.

«ھازىر، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ۋە كەنت كادىرلىرى دائىم ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىپ، بىزگە كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى بەزى ياخشى تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇرۇپ، تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، بىزنى بىلىم ئۆگىنىدىغان، تېخنىكا بىلىدىغان قىلىپ، بار ئاماللار بىلەن بىزنى بېيىتىۋاتىدۇ» دېدى كەنت ئاھالىسى مۇرات قابىلقاق.

بەنزە كۈچلۈك سەپلەندى، قانداق قىلىپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، «قان بېرىپ» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىن «قان ئىشلەپ» بېيىشقا قاراپ تېز ئۆزگەرتىش؛ قانداق قىلىپ پۈتۈن رايون ساياھىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تايىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولۇش ئالتاي ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ چاڭتۇبەك كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى لىيۇ گوتىڭ ئەڭ كۆپ ئويلايدىغان مەسىلە ئىدى.

لىيۇ گوتىڭ ۋە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى كەنت ئاھالىلىرى بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا، تېرىلغۇ يەر ئاز بولغاچقا، چاڭتۇبەك كەنتىدىكى ھەممە ئائىلىلەرنىڭ دېگۈدەك كالا باقىسىمۇ، لېكىن ئۇزاقتىن بۇيان ئەلا نەسىللىك بۇقا بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش كەمچىل، موزاينىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى ئۇزاق، بازار باھاسى تۆۋەن بولۇشنىڭ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزگەنلىكىنى بايقىدى. شۇڭا كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى شۇ ھامان بازارلىق پارتكوم بىلەن ئالاقىلىشىپ، 400 مىڭ يۈەن كارخانىلارغا ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، 20 ئەلا نەسىللىك بۇقا كىرگۈزۈپ، باقمىچىلىق ماھىرلىرىنىڭ ۋاكالىتەن بېقىشىغا تارقىتىپ بەردى ھەم چارۋىچىلىق مۇتەخەسسىسلىرىنى ئۆيگە بېرىپ تېخنىكا يېتەكچىلىكى بىلەن تەمىنلەشكە تەكلىپ قىلدى.

«ھازىر نەسىل ياخشىلاشتىن كېيىن، بىر كالىنى ئىلگىرىكىدىن 3000 يۈەن ئەتراپىدا قىممەت ساتالايدىغان بولدۇق!» كالىغا يەم ـ خەشەك بېرىۋاتقان باقمىچى قابى ئوشناي مۇنداق دېدى: بۇلتۇر باقمىچىلىق تۈرىدىلا 9000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدۇق.

«ئىشلىگۈسى بولسىمۇ يول تاپالماسلىق» ئىلگىرى چاڭتۇبەك كەنتىدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلە ئىدى. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى يەنە بىر كۈچلۈك تۇتقا قىلىپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىش، دېھقان ـ چارۋىچىلار كەچلىك كۇرسى قاتارلىق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، كەنتتىكى 18 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان ئىشلەش ئارزۇسى بار كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، شەخسلەر ئۇچۇر ھېساباتى تىزىملىكىنى تۇرغۇزدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزا ئەمگەك ۋاستىچىلىرى ئارقىلىق ناھىيە تەۋەلىكىدىكى «ئادەمنى كۆپ ئىشلىتىدىغان» كارخانىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئادەم ئىشلەتكۈچى كارخانىلارنىڭ ئىش ئورنى ئېھتىياجى بىلەن شەخسلەرنىڭ ئارزۇسىنى «ماسلاشتۇردى» ھەم كارخانىلارنى كەنتكە تەكلىپ قىلىپ كەنت ئاھالىلىرىنى ئىش ئورنىغا چىقىشتىن بۇرۇنقى ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىش ئورنىغا چىقىپ ئىشلەشكە تولۇق تەييارلىق قىلدۇردى. بۇ يىلدىن بۇيان، 73 كەنت ئاھالىسى كەينى ـ كەينىدىن شىنجاڭ قاناس ساياھەت تەرەققىيات پاي چەكلىك شىركىتى، بۇرچىن خۇيىيۈەن بىيو پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى قاتارلىق كارخانىلارغا بېرىپ ئىشلىدى.

كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق بۈگۈنكى كۈندە چاڭتۇبەك كەنتىنىڭ قىياپىتى پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىردى. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ يېتەكچىلىكى، تۈرتكىسىدە، بارغانسېرى كۆپ كەنت ئاھالىسى تېز سۈرئەتتە تېخىمۇ بەختلىك تۇرمۇشقا ئاتلانماقتا.

# ئاپتونوم رايونىمىز بىناكارلىق ساھەسىنىڭ باشقۇرۇش تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغان قارا، رەزىل كۈچلەرگە قاتتىق زەربە بەردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى چۆەن خېنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى «قارا كۈچلەر بولسا قارا كۈچلەرنى تازىلاش، قارا كۈچلەر بولمىسا رەزىللىكنى تۈگىتىش، رەزىللىك بولمىسا قالايمىقانچىلىقنى تۈزەش» ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى سىستېمىسىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىدىكى خىزمەت مۇھىم نۇقتىلىرى» قاتارلىق 11 ھۆججەتنى بېسىپ تارقىتىپ، «ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى سىستېمىسىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس ھەرىكەت لايىھەسى» «ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىش ساھەسىدە ‹قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش› مەخسۇس كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشنى يولغا قويۇش لايىھەسى» قاتارلىق بەش لايىھەنى تۈزۈپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتقان.

يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان، جايلاردىكى تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى تارماقلىرى بىناكارلىق كارخانىلىرىغا چېتىشلىق قانۇنىي ئىگە ئۇچۇرىدىن 1620نى تەكشۈردى ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 1063 ئۆي ـ زېمىن ئېچىش كارخانىسىنىڭ قانۇنىي ئىگە ۋەكىلى ۋە 240 خېرىدار چاقىرىش ۋاكالەتچىلىك كارخانىسىنىڭ قانۇنىي ئىگە ۋەكىلىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى سېلىشتۇردى. ھازىر جەمئىي يىغىلغان دېلو يىپ ئۇچى 206 بولۇپ، ھېسابات دەپتىرى ئورنىتىلىپ ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بىناكارلىق ساھەسىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى تۈزەش سالمىقى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇلدى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ساھەسىدە تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىش ئۇقتۇرۇشنامىسىدىن 365ى تارقىتىلدى، 70ى دېلو تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈلدى، كىنىشكىسىز ئالدىن ئارىلاشتۇرۇلغان بېتون ئىشلەپچىقىرىش پونكىتىدىن 14ى تاقالدى، ئۆي ـ زېمىن كەسپىدىكى قارا ۋاستىچىدىن 22سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىش ساھەسىنىڭ تەرتىپىنى ئۈزلۈكسىز قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆي ـ بىناكارلىق ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىدا تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ خېرىدار چىقىش ۋە ساختىپەزلىك قىلىش قىلمىشىنى بېكىتىپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش چارىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆي ـ بىناكارلىق ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىدا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىشتا ‹خەۋەردار قىلىش›نى تىزىملاپ دوكلات قىلىش تۈزۈمى»نى تۈزۈپ ئېلان قىلىپ، تۈزۈم ئارقىلىق چەكلەپ، تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ خېرىدار چىقىش ۋە ساختىپەزلىك قىلىش قاتارلىق قانۇنسىز قىلمىشلارنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆي ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى ئۇل ئەسلىھەلىرىگە خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىش بازىرىنىڭ تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى يەنە بىناكارلىق بازىرى، ئۆي ـ زېمىن بازىرى، يېزا ـ بازار قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش، شەھەر باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەرتىپلەرنى ئۈزلۈكسىز قېلىپلاشتۇرۇپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقىنى ئۈنۈملۈك يوقىتىپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم شەكىللەندۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تۇرالغۇ، شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ساھەسىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغدىدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«بۈگۈنكى كۈندە بىز بەك بەختلىك. بىزنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىمىز بولمىسىمۇ، بىراق بىز قېرىنداشتىنمۇ يېقىن. ئاچا، بىز بىر ئۆمۈر ياخشى ئاچا ـ سىڭىل بولايلى، سىز دەپ بېقىڭە شۇنداقمۇ ـ ئەمەسمۇ؟» دېدى جەكىر ئويىنچىمەك.

«شۇنداق، شۇنداق!» سى يۈلىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن باش لىڭشىتتى.

1962 ـ يىلى، ئەينى چاغدىكى 25 ياشلىق سى يۈلىڭ چارۋىچىلىق رايونىدىكى بىر مەكتەپتىن ناھىيەلىك مەدەنىيەت سارىيىغا ئالمىشىپ كەلدى. خىزمەت نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، كېيىن ئۇ مەدەنىيەت سارىيىنىڭ سارايى باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندى. سى يۈلىڭ سارايى باشلىقى بولغان مەزگىلدە، ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئويىنچىمەك داۋاملىق مەدەنىيەت سارىيىغا كېلىپ كىتاب كۆرەتتى، ماتېرىيال ئارىيەتكە ئالاتتى. كېلىپ ـ كېتىپ يۈرۈپ ئۇلار ئوبدانلا تونۇشۇپ قالدى.

ئالاقىلىشىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئويىنچىمەكنىڭ سى يۈلىڭنى «باشلىق» دەپ چاقىرىشى «ئاچا» دەپ چاقىرىشقا ئۆزگەردى. «سىڭلىم ئويىنچىمەك ھەر يىلى ياكى مەكتەپتە مۇنەۋۋەر سىنىپ مەسئۇلى بولىدۇ، ياكى ناھىيە بويىچە ئۈلگىلىك ئوقۇتقۇچى بولىدۇ؛ مەنمۇ ھەر يىلى مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، ئىلغار خىزمەتچى دېگەن ناملارغا ئېرىشىمەن» دېدى سى يۈلىڭ.

كېيىن، ئىككى موماي پېنسىيەگە چىقتى، ئۇلارنىڭ ئەرلىرىمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇلار ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويماي ساقلاپ كەلدى.

2013 ـ يىلى، ناھىيەدە كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش يولغا قويۇلغاندا، ئۇلار بايىنشىرگ مەھەللىسىدىن ئۆي سېتىۋالدى. «نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئانام بىلەن ئويىنچىمەك ھەدەمنىڭ دوستلۇقى ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلىپ كەلدى.» سى يۈلىڭنىڭ ئوغلى چاغان زىرۇك مۇنداق دېدى: «بايىنشىرگ مەھەللىسىدىكى 46 بىنادا ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئوخشايدۇ، 3800دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىل ھەمىشە بىللە بولۇپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتىدۇ».

### ■«مەھەللە بىزنىڭ ئۆيىمىز»

ناھىيەگە قاراشلىق ئىككى ئۆتبۇلاق چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى قازاق خىزمەتچى قېيزات نۇرتوختا، خەنزۇ خىزمەتچى ۋۇ شاۋمىن ئاكا ـ ئۇكا تىلغا ئېلىنسا، بىلمەيدىغان ئادەم يوق. «مەيلى چارۋىچىلىق مەيدانىدا ئەمگەك قىلغاندا بولسۇن ياكى پېنسىيەگە چىقىپ ناھىيە بازىرىدا ئولتۇراقلاشقاندا بولسۇن، ئۇ ئىككىيلەن ھەمىشە خۇددى بىر قورساق ئاكا ـ ئۇكىغا ئوخشاش بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايتتى» دېدى چارۋىچىلىق مەيدانىدىن پېنسىيەگە چىققان خىزمەتچى نۇرلان قابىلبېك ھەۋەسلىنىپ.

1966 ـ يىلى، 18 ياشلىق ۋۇ شاۋمىن چارۋىچىلىق مەيدانىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى.

«قېيزات ئاكام چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ ئىستاتىستىكچىسى ئىدى، مەن ئاكام بىلەن بىر ئىشخانىدا خىزمەت قىلاتتىم» دېدى ۋۇ شاۋمىن. قېيزاتنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ۋۇ شاۋمىن تېز ئىلگىرىلىدى، كېيىن چارۋىچىلىق مەيدانى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولدى. ھەر يىلى كۈزدە چارۋىچىلىق مەيدانىدا ئوت ـ چۆپلەرنى ئورۇيدىغان چاغدا، ۋۇ شاۋمىن بىلەن قېيزات ھەمىشە قولىدىكى خىزمىتىنى قويۇپ تۇرۇپ، چارۋىچىلار بىلەن بىللە ئەمگەك قىلاتتى.

چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ ئىش تەقسىماتى بويىچە، مەيداندىكى خىزمەتچىلەرنىڭ بىرىنچى سەپتە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى يوق ئىدى. «مەيلى چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ يولىنى رېمونت قىلىش بولسۇن ياكى سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇش بولسۇن، قېيزات ئاكام ھەمىشە قاتنىشاتتى. ئۇ ماڭا بىز ھەممىمىز دېھقان ـ چارۋىچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، دائىم ئەمگەككە قاتنىشىپ تۇرۇشىمىز، ئەسلىمىزنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك، دەيتتى.» ۋۇ شاۋمىن مۇنداق دېدى: «شۇنىڭدىن كېيىن، مەن بىكار بولسىلا ئەمگەككە قاتنىشىدىغان بولدۇم».

قېيزات پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، 2013 ـ يىلى بايىنشىرگ مەھەللىسىدىن ئۆي سېتىۋالدى. ۋۇ شاۋمىن پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنمۇ شۇ يەردىن ئۆي سېتىۋالدى. «قېيزات ئاكام ئىككىمىز مەھەللىنىڭ ئاممىۋى پاراۋانلىق ئەمگىكىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، دائىم كاردورلارنى سۈپۈرۈپ، ھويلىلارنىڭ تازىلىقىنى قىلىمىز. ئاكام ھەمىشە ماڭا مەھەللە بىزنىڭ ‹ئۆي›ىمىز دەيدۇ» دېدى ۋۇ شاۋمىن.

بۇ ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ تەسىرىدە، ئاھالىلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەھەللىنىڭ تازىلىقىنى قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇردى.

### ■«ئىنىمنىڭ كۆزىنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن»

ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن دېگۈدەك مەھەللە ئىشخانا بىناسىنىڭ 4 ـ قەۋىتىدىكى شاھمات ـ قارتا ئويناش پائالىيەت ئۆيىدە، قەدىناس دوستلاردەك بولۇپ قالغان بىر جۈپ ئاھالىنىڭ كۆڭۈل ئېچىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇلار 52 ياشلىق خەنزۇ ئاھالە لى جىگاڭ بىلەن 75 ياشلىق موڭغۇل ئاھالە دودورجى ئايبىرزەن.

لى جىگاڭ بىلەن ئايبىرزەننىڭ ئالاقىسىنى يەنىلا ئۇلار خىزمەت قىلغان ئىككى ئۆتبۇلاق چارۋىچىلىق مەيدانىدىن سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ.

لى جىگاڭ چارۋىچىلىق مەيدانى دېھقانچىلىق 4 ـ ئەترىتىنىڭ خىزمەتچىسى، ئايبىرزەن ئەسلىي تارباغاتاي ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى. 1987 ـ يىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق مەيدانى ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئايبىرزەن ئىككى ئۆتبۇلاق چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ چارۋىچىلىق 2 ـ ئەترىتىگە كەلدى.

ئۇ ۋاقىتتا ئايبىرزەننىڭ دائىم تىزى ئاغرىيتتى، لى جىگاڭنىڭ دادىسى چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ دوختۇرى ئىدى. ئىككىيلەن شۇ سەۋەبتىن تونۇشۇپ قالغان. ئايبىرزەن مۇنداق دېدى: «كېسەل كۆرستىش داۋامىدا، مەن بۇ خەنزۇ يىگىتنى ياقتۇرۇپ قالدىم».

«مەن ئۇنى دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قوي باقسا، ئاندىن دوستۇمنىڭ قىزى بىلەن كۆرۈشۈپ باقسا، دەپ ئويلىغانىدىم» دېدى ئايبىرزەن.

لى جىگاڭمۇ بۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى، ئۇ ئايبىرزەننىڭ دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قوي باقتى. قوي بېقىش داۋامىدا، ئۇ بۇ موڭغۇل قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ بىلەن توي قىلدى.

بىر قېتىملىق تاسادىپىي ھادىسىدە لى جىگاڭنىڭ كۆزى ئېغىر يارىلىنىپ، ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالدى. 2012 ـ يىلى، لى جىگاڭ پېنسىيەگە چىققان ئايبىرزەن بىلەن بىللە بايىنشىرگ مەھەللىسىدىن ئۆي سېتىۋالدى.

لى جىگاڭنىڭ كۆز كېسىلىنى داۋالىتىش جاسارىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئايبىرزەن دائىم لى جىگاڭنى ئىلھاملاندۇراتتى، «مەن خەنزۇ ئىنىمنىڭ كۆزىنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!» دېدى ئايبىرزەن.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«جۇڭگو سالاپىتى» بۆلىكىدە سىچۈەن، گۈيجوۋ، جىلىن قاتارلىق دۆلەت ئىچى ئۆمەكلىرى ئىككى مىنۇتلۇق ئويۇن قويۇش ۋاقتىدا، شۇ جاينىڭ ئۆزگىچە مىللىي ئۇسسۇلى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى نامايان قىلدى، شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرىمۇ خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇللىرىنى مەركەزلىك نامايان قىلدى.

«بىز ‹شىنجاڭ ياخشى جاي› دېگەن بۇ ئىسىم كارتىسىنى باش تېما قىلىپ، ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە كىيىم ـ كېچەكلەر ئارقىلىق شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىناق، ئورتاق يۇغۇرۇلغان، كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈردۇق» دېدى شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلى چياۋ سىمىڭ.

ئىككى مىنۇت ئىچىدە ئەڭ ئېسىل مەزمۇننى نامايان قىلىش ئۈچۈن، پۈتكۈل ئويۇن قويۇش ئۆمىكى نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلدى. شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى ئوقۇتۇش ـ ئىجادىيەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مېھراي ئىبراھىم بۇ ئۆمەكنىڭ بۇ قېتىمقى ئايلىنىپ ئويۇن قويۇش پائالىيىتىدىكى سەنئەت يېتەكچىسى، شۇنداقلا سەنئەت نومۇرىنىڭ سېنارىستى ۋە رېژىسسورى. ئۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «ئويۇن قويۇشقا قاتناشقان 24 ئارتىسنىڭ تەجرىبىسى مول، كۆپچىلىك ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىپ سەھنىگە چىقتى، مۇزىكىدىمۇ تاماشىبىنلارغا ياد بولۇپ كەتكەن كلاسسىك مۇزىكىلارنىڭ بۆلەكلىرى تاللاندى، ئۇسسۇل ھەرىكىتىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇسسۇللىرىنىڭ ئەڭ ئۆزگىچە، ئەڭ جەۋھەر قىسمى نامايان قىلىندى، مەسىلەن، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىدا كۆپ مىقداردا پىرقىراش ھەرىكىتى قوللىنىلىپ، قايناق ھېسسىيات نامايان قىلىندى».

باشلىنىش مۇراسىمىدىن بۇرۇن، ئارتىسلار بالدۇرلا ئويۇن قويۇش نەق مەيدانىغا كېلىپ تەييارلىق قىلدى. خىزمەت ئۆيىدە، ئارتىس رەنا ئابدۇكېرىم كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە يان تېلېفون ئارقىلىق ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى نامايان قىلىنغان قىسقا سىننى كۆردى ـــ رەنانىڭ ئايلىنىپ ئويۇن قويۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ دوستلار چەمبىرىكى قىزىپ كەتتى، دوستلىرى ئۇنىڭغا پات ـ پات ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ئەۋەتىپ تۇردى.

رەنانىڭ گىرىمى نەپىس، كىيىم ـ كېچەكى چىرايلىق بولۇپ، ئۇ يەنە كۆڭۈل قويۇپ چېچىنى بەش تال ئۆرۈۋالغانىدى. ئويۇن قويغاندا، ئۇ ۋە خىزمەتداشلىرى ئورۇنلىغان گۈزەل، نەپىس ئۇسسۇل نەق مەيداندىكى تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. «ئايلىنىپ ئويۇن قويۇلىدىغان بىر ھەپتە ۋاقىتتا، ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋە چۈشتىن كېيىن بىر مەيداندىن ئويۇن قويىمىز، بىز ئەڭ ياخشى ھالىتىمىزنى ساقلاپ، ھەر قېتىم ئويۇن قويغاندا تاماشىبىنلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇشىمىز كېرەك» دېدى ئۇ.

داپ ئۇسسۇلى ئورۇنلايدىغان ئارتىس ئىلشات ئەسەت ئىلگىرى كۆپ قېتىم بېيجىڭغا كېلىپ ئويۇن قويغان. «بۇ قېتىمقى تەسىراتىم پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى مۇنەۋۋەر ئارتىسلار بىلەن بىر سەھنىدە ئويۇن قويالىغانلىقىمىزدىن، ئالماشتۇرالىغانلىقىمىزدىن ھەممىمىز بەك ھاياجانلاندۇق» دېدى ئۇ.

بۇ قېتىمقى ئاسىيا مەدەنىيلىكى ئايلىنىپ ئويۇن قويۇش پائالىيىتىنىڭ باش تېمىسى «ئاسىيا مەدەنىيلىكى. دۇنيانىڭ ئورتاق يۇغۇرۇلۇشى». چياۋ سىمىڭ مۇنداق دېدى: ئايلىنىپ ئويۇن قويۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئارقىلىق شىنجاڭ ئارتىسلىرىمۇ كەڭ تاماشىبىنلار بىلەن بىرلىكتە ئاسىيادىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ شانلىق مەدەنىيىتىنى ھېس قىلدى، كۆپچىلىك ھەرقايسى جايلاردىكى ھەر مىللەت ئارتىسلار بىلەن ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ئۆزئارا ھۇزۇرلىنىپ، دوستلۇقنى كۈچەيتىپ، قىممەتلىك مەنىۋى بايلىققا ئېرىشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)